السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئى ئەبۇ زەر! مەن سىنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن، مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭا ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە باش بولمىغىن، بىرەر يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرمىغىن

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: ئى ئەبۇ زەر! مەن سىنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن، مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭا ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە باش بولمىغىن، بىرەر يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرمىغىن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سىنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن، مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە باشلىق بولمىغىن، بىرەر يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرمىغىن!، دېدى». مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بايان قىلغان تۆت جۈملە: بىرىنچى: ئۇنىڭغا: «مەن سىنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن» دېدى، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن سۈپەتنى بۇ تېكىست ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىنسان باشقا بىرسىگە: نەسىھەت قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ياكى تىللاش ئۈچـۈن ئەمـەس، سـەندە مۇنـداق – مۇنـداق سـۈپەتلەر بـار ئىكـەن، دېسـە ھېچقىسـى يـوق. چـۈنكى پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالاممۇ: «مەن سىنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن» دېدى. ئىككىنچى: «مەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭا ياخشى كۆرىمەن» دېدى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىندۇر. باشتىكى جۈملىدە بىرئاز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىش بولغانلىقتىن، «مەن ئۆز – ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭا ياخشى كۆرىمەن» دېدى. يەنى: مەن ئۇ گەپنى، ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرگەنلىكتىن دەۋاتىمەن. ئۈچىنچى: «شۇڭا سەن ئىككى ئادەمگە باش بولمىغىن» يەنى: ئىككى ئادەمگە ئەمىر بولمىغىن، ئۇنىڭدىن كۆپ بولسا تېخىمۇ بولمىغىن. تۆتىنچى: «بىرەر يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرمىغىن!». يېتىم دېگەن: قورامىغا يېتىشتىن ئىلگىرى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىدۇر. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى ئامانەتكە ئېلىشتىن چەكلىدى، چۈنكى ئۇنداق مال ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە مۇھتاجدۇر. ئەبۇ زەر زەئىپ بولغانلىقتىن بۇ مالغا جايىدا كۆڭۈل بۆلەلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىرەر يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرمىغىن» دېدى. يەنى: ئۇنىڭغا ئىگە بولمىغىن، بەلكى ئۇ ئىشنى باشقا ئادەمگە قويغىن!. بۇنىڭدا ئەبى زەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىنى چۈشۈرگەنلىك يوق، چۈنكى ئۇ نورمالدا باشقىلاردەك (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ) قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ زاھىدلىقى ۋە ھاياتتا غورىگۆل ياشايدىغانلىقى مەشھۇر ئىدى. لېكىن پەقەت بىر تەرەپتىن ئاجىز بولۇپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ، ۋالىيلىق ياكى ھوقۇق تۇتۇش تەرەپتىن ئاجىزلىق ئىدى